# 145770 ـ ئالتۇننىڭ ھەممە تۈرىگە زاكاتنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن 24كاراتلىق ئالتۇن سودىسى قىلىمەن، لېكىن مەن بۇ سودىنى ھەر كۈنى قىلمايمەن، مەندە قۇيما ئالتۇن بار، بازاردا ئالتۇن باھاسىنىڭ ئۆرلىگەنلىكىنى بىلسەم ساتىمەن، باھا چۈشۈپ كەتكەن بولسا ساتمايمەن، ئالتۇننى ساقلاپ، باھانىڭ ئۆرلىشى بىلەن چۈشىشى ئارىسىدىكى ھالەتتە قولۇمدىكى ئالتۇن تىجارەت ماللىرى دەپ ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ؟، بۇنىڭغا زاكات ھۆكۈملىرى ئۇيغۇلانسا، ئۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟، مېنىڭ ئەسلى مەقسىتىم ئالتۇن تىجارىتى قىلىش ئەمەس، لېكىن باھا ئۆرلىگەندە ساتىمەن.! مەن ئۈچۈن ھالال رىزىق تىلەپ دۇئا قىلىشنى، ماڭا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بىرىنچى: ئالتۇن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يېتىدىكەن تىجارەتكە سېلىنغان بولسۇن ياكى ئۆيدە ساقلايدىغان بولسۇن ئوخشاشلا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ، ئەمما ئاياللار ئىشلىتىدىغان دۇرۇس بولغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات بېرىش مەسىلىسىدە پەرقلىق قاراشلار بار، كۈچلۈك قاراشتا زىبۇ ـ زىننەتلەرگىمۇ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە زاكات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى تور بېتىمىزدە 19901 ـ 59866 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىندى.

ئىككىنچى: 24كاراتلىق ساپ ئالتۇننىڭ زاكات ئۆلچىمى 85 گىرام بولىدۇ، كىمكى مۇشۇ ئۆلچەمدىكى ئالتۇنغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭغا بىر يىل توشقان بولسا، ئۇنىڭدىن يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنتىن (2.5%) زاكات ئايرىيدۇ، زاكاتنى شۇ ئالتۇننىڭ ئۆزىدىن ئايرىسىمۇ بولىدۇ ياكى ئالتۇننىڭ شۇ كۈندىكى باھاسى بويىچە قىممىتىنى ھېسابلاپ نەخ پۇل بەرسىمۇ بولىدۇ. تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 64 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالادىن بىزگە، سىزگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھالال رىزىق ئاتا قىلىشنى، ھەممەيلەننى ھەققە ھىدايەت قىلىشنى سورايمىز. ئاللاھ بۇنىڭ ئىگىسىدۇر ۋە بۇنىڭغا قادىردۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.